# ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرەيلى

## — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

«ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش نۆۋەتتىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش، مۈشكۈل ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى، شۇنداقلا ياش كادىرلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.» باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپى(دۆلەت مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق تەكىتلىدى: «مۇرەككەپ ۋەزىيەت ۋە مۈشكۈل ۋەزىپە ئالدىدا، بىز كىرىزىس ئىچىدە پۇرسەت يېتىلدۈرۈشىمىز، ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز كېرەك، كادىرلار، بولۇپمۇ ياش كادىرلار سىياسىي ئىقتىدارى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىقتىدارى، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارى، ئىسلاھاتتا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئىقتىدارى، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش - تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى، ئاممىغا خىزمەت ئىقتىدارى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، دادىللىق بىلەن مەسىلىگە بىۋاستە يۈزلىنىپ، ئىش قىلىشنى ئويلايدىغان، ئىش قىلالايدىغان، ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغان، مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز ھەل قىلالايدىغان، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك».

ھازىر، دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى تېز سۈرئەتتە ئۆزگەرمەكتە، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى شارائىتى ۋە تاشقى مۇھىتىدا چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئۆزگىرىش بولماقتا. «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىدۇ، ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان مەسىلىلەر بارغانسېرى كۆپ خىللىشىدۇ، بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىدۇ. بىز جەزمەن دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى چوڭ ۋەزىيەتنى دىيالېكتىك تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشى ئېلىپ كەلگەن يېڭى ئالاھىدىلىك، يېڭى تەلەپلەرنى چوڭقۇر تونۇپ، چىگىش، مۇرەككەپ خەلقئارا مۇھىت ئېلىپ كەلگەن يېڭى زىددىيەت، يېڭى خىرىسلارنى چوڭقۇر تونۇپ، ئۆزگىرىشنى توغرا تونۇپ، ئۆزگىرىشكە ئىلمىي ئۇيغۇنلىشىپ، ئۆزگىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنتىلىپ، شامالغا قارشى كېمە ھەيدەشكە جۈرئەت قىلىپ، كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، تىرىشىپ تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تېخىمۇ بىخەتەر تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ يەردىكى ناھايىتى مۇھىم بىر نۇقتا شۇكى، كادىرلار، بولۇپمۇ ياش كادىرلار ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، كۈچلۈك قابىلىيەت بىلەن نەتىجىلەرنى نامايان قىلىشى، بۇرچىنى ئادا قىلىشى كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭ يەتتە خىل ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈشنى تەكىتلىدى، بۇ دەل يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە كۆزدە تۇتۇلۇپ، كادىرلارغا، بولۇپمۇ ياش كادىرلارغا قويۇلغان ئېنىق تەلەپ بولۇپ، مۇھىم، زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر، ئۇزاق تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

كادىرلارنىڭ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىدىكى زۆرۈر بولغان تۈرلۈك ئىقتىدارلار ئىچىدە، سىياسىي ئىقتىدار بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان سىياسىي ئىقتىدار بولغاندىلا، ئاندىن ئاڭلىق ھالدا ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق ئەھۋالدا «لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتنىڭ كۆزنى توسۇۋېلىشىدىن قورقماسلىق»، «بوران - چاپقۇن ئالدىدا تەمكىن تۇرۇش»نى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. سىياسىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈشتە، ئالدى بىلەن توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى ئىگىلەش، پارتىيە رەھبەرلىكىدە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشقا پايدىلىق بولغانلىكى ئىشلارنى قەتئىي تەۋرەنمەي قىلىش، پارتىيە رەھبەرلىكىدە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشقا پايدىسىز بولغانلىكى ئىشلارنى قەتئىي قىلماسلىق كېرەك! سىياسىي سەزگۈرلۈك ۋە سىياسىي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ تەھلىل قىلىشتا ئالدى بىلەن سىياسىي ئاملىنى ئىگىلەش، بولۇپمۇ ھادىسىدىن ماھىيەتنى تونۇش، كۆزى ئۆتكۈر بولۇش، ئىشنى بالدۇر بايقاش، ھەرىكىتى تېز بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامى ۋە سىياسىي قائىدىسىدىن ئەيمىنىپ، سىياسىي جەھەتتە چېنىقىشنى ئاڭلىق كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر سىياسىيدا «زېرەك ئادەم»، «سەمىمىي ئادەم» بولۇش كېرەك. ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەتراپلىق ئىگىلەپ، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇلنى ئىگىلەپ، جۇڭگوچىلاشقان ماركسىزمنى ئىگىلەپ، ماركسىزمنىڭ قەتئىي ئېتىقادچىسى، سادىق ئەمەلىيەتچىسى بولۇش كېرەك.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى چوڭقۇر كۆرسەتتى: «مەيلى ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش بولسۇن ياكى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش بولسۇن، كەڭ مۈرىگە ئېھتىياجلىق بولۇپلا قالماي، يەنە پولاتتەك مۈرىگە ئېھتىياجلىق؛ سىياسىي جەھەتتە قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشقا ئېھتىياجلىق بولۇپلا قالماي، يەنە ماھارەتنىڭ يۇقىرى، كۈچلۈك بولۇشىغىمۇ ئېھتىياجلىق.» تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئامما ئارىسىغا بېرىش، ئەمەلىيەت ئارىسىغا بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئاممىنىڭ ئويلايدىغىنى، ئالدىرايدىغىنى، ئۈمىد قىلىدىغىنىغا ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىش ۋە ئىگىلەش كېرەك. ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئىستراتېگىيەلىك نەزەرگە باي بولۇش، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا قارىتا كۆڭلىدە سان بولۇش، رايون ۋە تارماقلارنىڭ خىزمىتىنى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى چوڭ تاختا شاھمات ۋەزىيىتىگە سىڭدۈرۈشكە ماھىر بولۇش، ھەم بىر رايونغا شەرەپ كەلتۈرۈش، تېخىمۇ مۇھىمى پۈتۈن ۋەزىيەتكە شان - شەرەپ قوشۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئىسلاھاتتا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، قانچە مۈشكۈل، خەتەرلىك بولغانسېرى، شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان قەيسەرلىكنى، پىداكارلىقنى ساقلاپ، ئىش قىلىش قىزغىنلىقى بىلەن ئىلمىي روھنى بىرلەشتۈرۈپ، چىقارغان تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، خىزمەت ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك. جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش - تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، خەۋپ - خەتەرگە ئالدىن ھۆكۈم قىلىشقا ماھىر بولۇپ، خەۋپ - خەتەر يۈزلىنىشىنى ئىگىلەپ، ھەل قىلغۇچ قەدەمنى ياخشى تاشلاپ، تەشەببۇسكارلىق جەڭنى ياخشى قىلىپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش - تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىرتەرەپ قىلىش تونۇشى ۋە جاسارىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ۋەزىيەتنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش، كىرىزىسنى تۈگىتىش كېرەك. ئاممىغا خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئامما «ئالدىراۋاتقان، قىيىنلىۋاتقان، ئەنسىرەۋاتقان، تەقەززا بولۇۋاتقان» مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە ئاممىنىڭ سىرداشى بولۇش كېرەك. ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە باشلامچى بولۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، تاش - تۆمۈردە ئىز قالدۇرۇپ، پۇختا، قەدەم - باسقۇچلۇق جەڭ قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا قىيىن مەسىلىلەرنى تۈگىتىش ئارقىلىق، خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

مەسىلىلەرنى بايقاش، مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش باشتىن - ئاخىر بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ. ئىستىقبالى پارلاق يېڭى دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى ۋە ئىقتىدارى يېتەرلىك بولماسلىق كىرىزىس تۇيغۇسى بىلەن، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، بوران - چاپقۇننىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈش، ئىسسىق - سوغۇقنى باشتىن كەچۈرۈش جەريانىدا پەي - سۆڭەكلىرىمىزنى چېنىقتۇرۇپ، قابىلىيىتىمىزنى ئۆستۈرسەكلا، بىز باشتىن - ئاخىر ھەرقانداق خەۋپ - خەتەردىن قورقۇپ قالماي، ھەرقانداق كاشىلىدىن قايمۇقۇپ قالماي، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش داۋامىدا ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز يېڭى مەنزىلگە سىلجىتالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 - بەتتە)

يىلغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليون مودىن ئېشىش سۈرئىتى بىلەن تېز سۈرئەتتە ئاشتى. 2016 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا پاختىنى ماشىنىدا يىغىش كۆلىمى 4 مىليون 862 مىڭ 300 مودىن زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ 14 مىليون 150 مىڭ موغا يەتتى، پاختا يىغىش ماشىنىسىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 1145تىن 2356گە كۆپەيدى، پاختىنى ماشىنىدا يىغىش سەۋىيەسى 20.71%تىن 53.91%كە ئۆستى.

بۇ جەرياندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش ياردەم تولۇقلىمىسى سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى تۇتقا قىلىپ، ئىلغار، قوللىنىشچان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئەقلىي ئىقتىدارلىق، يېشىل، مۇھىت ئاسرايدىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش ياردەم تولۇقلىمىسى مەبلىغى قاتارلىقلاردا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ مەبلەغ ئېھتىياجىنى ئالدىن قاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنا - جابدۇق قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلىدى.

يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش پەن - تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش خىزمىتىمۇ «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 10 مىڭ يۈرۈشتىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنا - ئۈسكۈنىسىگە بېيدوۋ يول باشلاش مۇلازىمىتى ئىشلىتىلگەن، زىرائەت پەرۋىش قىلىش ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانىنىڭ سانى 5000دىن ئاشقان، ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان بىلەن زىرائەت پەرۋىش قىلىش مەشغۇلات كۆلىمى 20 مىليون مودىن ئاشقان.

(بېشى 1 - بەتتە)

پاختىنىڭ ئۆلچىمى قوش 29 ئۆلچەم (يەنى تۆۋەت ئۇزۇنلۇقى ۋە تالانىڭ چىڭلىقى 29 دىن ئاشقان بولۇشى)، ئەمما ماشىنا بىلەن پاختا يىغىۋېلىشتىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە يىغىۋېلىش جەريانىدا ئارىلاشما ماددىلار كۆپ بولۇش بولۇپ، ئىككى - ئۈچ قېتىم چىگىت ئايرىغاندىن كېيىن، تۆۋەت ئۇزۇنلۇقى خوراپ، تالانىڭ چىڭلىق ۋە ئىنچىكىلىك دەرىجىسى يۇقىرى بولماي، ئوتتۇرا، تۆۋەن تالالىق پاختا بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كېتىشتەك ۋەزىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. كۆپ يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىقتىسادىي زىرائەتلەر تەتقىقات ئورنى دۆلەتنىڭ پاختىچىلىق تېخنىكا سىستېمىسى تۈرى، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق تەتقىق قىلىپ ئېچىش تۈرى، دۆلەت تەبىئىي پەنلەر فوندى تۈرى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق تەتقىق قىلىپ ئېچىش تۈرى قاتارلىق تۈرلەرگە تايىنىپ، كېۋەز تېرىش بازىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، بالدۇر پىشىدىغان، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنىدىغان كېۋەز يېڭى سورتى — يۈەنمىيەن 11 - نومۇرنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. بۇ خىل يېڭى سورتتىكى پاختىنىڭ تۆۋەت ئۇزۇنلۇقى 31.6 مىللىمېتىرغا يېتىدىغان بولۇپ، چىگىت ئايرىغاندىن كېيىن پاختا تۆۋىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە ئېلاستىكلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك پاختىغا بولغان تەلىپىنى تولۇق قاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقىرى سۈپەتتە ماشىنا بىلەن پاختا يىغىۋېلىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ئاساس سالغان.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، پەن - تەتقىقات خادىملىرى ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنىدىغان يېڭى پاختا سورتىنى يادرو قىلىپ، يەنە دەل جايىدا خىمىيەلىك تىزگىنلەپ شەكىلگە كىرگۈزۈش، خىمىيەلىك ئۇسۇلدا ئۆسۈشنى چەكلەش، يۇقىرى ئۈنۈمدە يوپۇرماق تاشلىتىپ پىشىشنى تېزلىتىش، كېۋەز ئۈچىنىڭ بىخلىنىشىنى چەكلەش قاتارلىق ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلارنى توپلاشتۇرۇپ يۈرۈشلەشتۈردى. «يۈرۈشلەشكەن تېخنىكىلار ئارقىلىق، ئەمگەك كۈچى تەننەرخىنى ئۈنۈملۈك تۆۋەنلەتكىلى ۋە ئېتىز پەرۋىشىنى ئاسانلاشتۇرغىلى بولىدۇ.» جۇڭگو يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ پروفېسسورى تيەن شياۋلى مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ كىلىمات مۇھىتىغا بىرلەشتۈرۈپ، رېتسېپ تەييارلاش تېخنىكىسىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش ئارقىلىق، دورىنى ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان، پاختا يىغىش ماشىنىسى قاتارلىق ماشىنا - ئۈسكۈنىلەردە ئىشلىتىشكە تېخىمۇ ماس كېلىدىغان قىلدۇق.

لى شۆيۈەن مۇنداق دېدى: ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنىدىغان يېڭى كېۋەز سورتىنى ئومۇملاشتۇرغاندا، يىغىش تەننەرخى مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، بىر مو يەردىكى پاختىنى يىغىۋېلىش تەننەرخىنى، قولدا يىغىۋېلىشتىكى 700 يۈەندىن ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىشتىكى 150 يۈەنگە تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ؛ ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنىدىغان كېۋەز سورتىنىڭ ئىرسىيىتىنى ياخشىلايدىغان ۋە خىمىيەلىك تەڭشەپ تىزگىنلەيدىغان دورىلار، يوپۇرماق تاشلىتىپ پىشىشنى تېزلىتىدىغان دورىلارنى ياخشىلاش ئارقىلىق، ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىشتىكى پاكىزلىق نىسبىتىنى، يىغىۋېلىش نىسبىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرگىلى بولىدۇ، ھەر مو يەردە ئىسراپچىلىق 30 كىلوگرامدىن ئارتۇق ئازايتقىلى، ھوسۇلى ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى مۇناسىپ ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. دېھقان ئائىلىسى، پەن - تەتقىقات ئورۇنلىرى، كارخانىلارنىڭ ماسلىشىشى نەتىجىسىدە، «پاختا توقۇمىچىلىق كارخانىسى+چىگىتلىك پاختا پىششىقلاش كارخانىسى+رايون خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپى+دېھقان ئائىلىسى»دىن ئىبارەت مۇكەممەل كەسىپ زەنجىرىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، شىنجاڭ پاختىچىلىقىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كۈچ قوشقىلى بولىدۇ.

(بېشى 3 - بەتتە)

مۇزاكىرە قىلىنىدىغان ۋە قارار قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، قول كۆتۈرۈش، نامسىز بېلەت تاشلاش قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلىپ ئاۋازغا قويۇلىدۇ، قوللاش بېلىتى يىغىنغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ئەزالارنىڭ يېرىمىدىن ئاشسا ماقۇللانغان ھېسابلىنىدۇ. يىغىنغا قاتناشمىغان ئەزالارنىڭ پىكرى بېلەت سانىغا كىرگۈزۈلمەيدۇ. كاندىدات ئەزالار ئاۋاز بېرىشكە قاتناشمايدۇ.

مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى، كاندىدات ئەزالىرىغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، پارتىيەدە قالدۇرۇپ سىناش ياكى پارتىيەدىن قوغلاش جازاسى بېرىشنى مەركىزىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنى ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن ئارتۇق ئاۋاز بىلەن قارار قىلىشى شەرت. مەركىزىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، ئاۋۋال مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى بىر تەرەپ قىلىش قارارىنى چىقارسا، ئۇنى مەركىزىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغاندا تولۇقلاپ تەستىقلىسا بولىدۇ.

**25 - ماددا** مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنى ئادەتتە قەرەللىك ئېچىلىدۇ، مۇھىم ئەھۋال كۆرۈلسە، ھەر ۋاقىت ئېچىشقا بولىدۇ. يىغىننىڭ قارالمىلىرىنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ باش شۇجىسى بېكىتىدۇ.

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ئەزالىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى يىغىنغا قاتناشسا ئېچىشقا بولىدۇ. ئېھتىياجغا ئاساسەن، ئالاقىدار خادىملارنى يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىشقا ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ.

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنى مەسىلىلەرنى قارار قىلغاندا تولۇق مۇزاكىرە قىلىشى، كۆپ ئىشلارغا چېتىلىدىغانلىرىنى بىر - بىرلەپ مۇزاكىرە قىلىشى ۋە قارار قىلىشى كېرەك.

**26 - ماددا** مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنى ئادەتتە قەرەللىك ئېچىلىدۇ، مۇھىم ئەھۋالغا يولۇققاندا ھەر ۋاقىت ئېچىشقا بولىدۇ. يىغىن قارالمىلىرىنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ باش شۇجىسى بېكىتىدۇ.

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى يىغىنغا قاتناشسا ئېچىشقا بولىدۇ. ئېھتىياجغا ئاساسەن، ئالاقىدار خادىملارنى يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىشقا ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ.

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنى مەسىلىلەرنى قارار قىلغاندا تولۇق مۇزاكىرىدىن ئۆتكۈزۈشى، كۆپ ئىشلارغا چېتىلىدىغانلىرىنى بىر - بىرلەپ مۇزاكىرە قىلىشى ۋە قارار قىلىشى كېرەك.

**27 - ماددا** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە مەركىزىي كومىتېتنىڭ باش شۇجىسىنىڭ يوليورۇقى، تەلىپى بويىچە، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى ئىش بېجىرىش يىغىنى ئېچىپ ئالاقىدار ئىشلارنى تەتقىق قىلىدۇ، مۇزاكىرە قىلىدۇ. يىغىن قارالمىلىرىنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ باش شۇجىسى بېكىتىدۇ.

**28 - ماددا** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئېھتىياجغا ئاساسەن خىزمەت يىغىنى، مەخسۇس تېمىلىق يىغىن قاتارلىقلارنى ئېچىپ، ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىدۇ، خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىدۇ.

**29 - ماددا** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە مەركىزىي كومىتېتنىڭ باش شۇجىسىنىڭ يوليورۇقى، تەلىپى بويىچە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر بەلگىلەش، كېڭەش، ماسلاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى يىغىن ئېچىپ، ئالاقىدار ساھەلەردىكى مۇھىم، زور خىزمەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ، قارار قىلىدۇ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىدۇ، ماسلاشتۇرىدۇ. يىغىن قارالمىلىرىنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ باش شۇجىسى بېكىتىدۇ ياكى تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ.

ئالاقىدار ئىشلارنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر بەلگىلەش، كېڭەش، ماسلاشتۇرۇش ئاپپاراتلىرى يىغىنى قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئېھتىياجغا ئاساسەن مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنىدۇ.

**30 - ماددا** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم فاڭجېن، سىياسەتلىرى، مۇھىم، زور مەسىلىلەر، مۇھىم كادىرلار ئورۇنلاشتۇرۇشى قاتارلىقلار توغرىسىدا كېڭىشىپ، ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە - گورۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە پارتىيە - گورۇھسىز زاتلار ۋەكىللىرىنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلاپ ئۆتىدۇ، مۇھىم ئەھۋاللارنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ، ئىدىيە جەھەتتە پىكىر ئالماشتۇرىدۇ، ئورتاق تونۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## يەتتىنچى باب ئۆز قۇرۇلۇشى

**31 - ماددا** مەركىزىي كومىتېت، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار «ئىككىنى قوغداش»نى تۈپ سىياسىي تەلەپ قىلىپ، باشلامچىلىق بىلەن «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسەت - پەرمانلىرىنىڭ راۋانلىقىغا، بۇيرۇق، تەلەپنى جەزمەن ئىجرا قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى شەرت.

**32 - ماددا** مەركىزىي كومىتېت، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۆزىنىڭ پارتىيەنىڭ ئالىي رەھبەرلىك ئورگىنىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، تەشكىلىي پرىنسىپ ۋە پارتىيەۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى، سىياسىي ئىنتىزام ۋە سىياسىي قائىدىگە قاتتىق رىئايە قىلىشى، تەرتىپ بويىچە ئىش بېجىرىشى، قائىدە بويىچە ئىش بېجىرىشى، كوللېكتىپنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش بېجىرىشى، پارتىيەنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بىرلىكىنى قەتئىي قوغدىشى شەرت.

مەركىزىي كومىتېت، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار پارتىيە نىزامنامىسى قاتارلىق پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىنى ئاڭلىق ئىجرا قىلىشى، پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىنى ئاڭلىق ئىزچىللاشتۇرۇشى، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق، راھەتپەرەسلىك ۋە ھەشەمەتچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇشى، ئاڭلىق ھالدا ئىمتىياز ئىدىيەسى ۋە ئىمتىياز ھادىسىسىگە قارشى كۈرەش قىلىشى، پاك - دۇرۇس بولۇشتەك سىياسىي خىسلەتنى باشتىن - ئاخىر ساقلىشى كېرەك.

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى ۋاقتىدا خىزمەت جەريانىدىكى مۇھىم، زور تەدبىرلەر، مۇھىم، زور ئىشلار، مۇھىم ئەھۋاللار توغرىسىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىن يوليورۇق سورىشى ۋە ئۇنىڭغا دوكلات قىلىشى كېرەك. ئىجرا قىلىش جەريانىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىرلىرى، قارارلىرى ۋە مۇھىم، زور خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى تەڭشەشكە توغرا كەلسە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىشى شەرت.

**33 - ماددا** مەركىزىي كومىتېت، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيەنى باشلامچىلىق بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، پارتىيە نىزامنامىسى قاتارلىق پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىدا بېكىتىلگەن دېموكراتىيە پرىنسىپى ۋە تەرتىپلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى كېرەك. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ھەر يىلى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئاچىدۇ. مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى، كاندىدات ئەزالىرى مەركىزىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى توغرىسىدا ئاكتىپ پىكىر بايان قىلىشى، تەكلىپ بېرىشى كېرەك.

## سەككىزىنچى باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**34 - ماددا** بۇ نىزامنى چۈشەندۈرۈشكە مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى مەسئۇل بولىدۇ.

**35 - ماددا** بۇ نىزام ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)